# كۆپ كىشلەر سالامەتلىك ۋە بوش ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى نېمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۆپ كىشلەر سالامەتلىك ۋە بوش ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ ئىككى نېمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ»
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىدىن ئىككى نېمەت بولۇپ كۆپ كىشلەر بۇ نېمەتنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدۇ، بۇنىڭدا قاتتىق زىيان تارتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ تەننىڭ ساقلىقى ۋە بوش ۋاقىتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنساننىڭ تائەت-ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈنمۇ سالامەتلىكى ياخشى ۋە يېتەرلىك ۋاقتى بولىشى كېرەك. بەزى كىشلەرنىڭ ۋاقتى بولىدۇ لېكىن سالامەتلىكى ياخشى بولمايدۇ، بەزى كىشلەرنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولسىمۇ ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىش ۋە ياخشى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ۋاقتى يەتمەيدۇ، ئەمما سالامەتلىكى ياخشى ھەم يېتەرلىك ۋاقتىمۇ بولۇپ ھورۇنلۇق قىلىپ تائەت-ئىبادەت قىلمىغان كىشى ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدا زور زىيان تارتقۇچىدۇر



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee